# كىمكى مەن تاھارەت ئالغاندەك مۇشۇنداق تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىگە باشقا ئىشلارنى كەلتۈرمەي ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ

ئوسمان ئىبنى ئەپپانىنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن خىزمەتچىسى ھۇمراندىن بايان قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى ئوسمان ئىبنى ئەپپانىنىڭ تاھارەت ئېلىۋاتقان ھالىتىنى كۆردى. تاھارەت ئالىدىغان سۇنى كەلتۈردى، قاچىدىن قولىغا سۇنى قۇيۇپ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولىنى سۇ بار قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ ئېغىزىنى چايقىدى، بۇرنىغا سۇ ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئىككى قولىنى جەينەك بىلەن قېتىپ ئۈچ قېتىمدىن يۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا مەسھ قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر پۇتىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھازىر مەن تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « كىمكى مەن تاھارەت ئالغاندەك مۇشۇنداق تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىگە باشقا ئىشلارنى كەلتۈرمەي ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئېلىش سۈپەتلىرىنى ئېنىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ئۆگەتتى: بىر قاچىدا سۇ ئەكەلدۈردى، قاچىدىن قولىغا سۇ قۇيۇپ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولىنى قاچىغا تىقىپ سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېغىزىنى چايقاپ چىقىرىۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ بۇرنىنى تازىلاپ چىقىرىۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئىككى قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن ئۈچ قېتىمدىن يۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆل قولى بىلەن بېشىغا بىر قېتىم مەسھ قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پۇتىنى ئىككى ھوشۇقى بىلەن قېتىپ ئۈچ قېتىمدىن يۇدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۆزى تاھارەت ئالغاندەك مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغان كىشىگە، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھۇزۇرى دىل بىلەن خالىس ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى مۇشۇ كامىل ئالغان تاھارەت، خالىس ئادا قىلغان نامازغا ئاساسەن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3313

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee